### جۇڭگو ـ شۋېيتسارىيە، جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسى، لىيچتېنستېيىننىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى تەخت ۋارىسى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسى سومماروگا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: شۋېيتسارىيە ئەڭ بۇرۇن يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىرى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ «باراۋەر بولغان، يېڭىلىق ياراتقان، ئورتاق پايدا ئالغان» جۇڭگو ـ شۋېيتسارىيە ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈمى، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچى، ئوخشاش بولمىغان چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. مەن جۇڭگو ـ شۋېيتسارىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، فېدېراتسىيە رەئىسى سومماروگا بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو ـ شۋېيتسارىيە يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن. جۇڭگو ـ شۋېيتسارىيە دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

سومماروگا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شۋېيتسارىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 70 يىلدىن بۇيان ئىككى دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئېچىۋېتىش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. دەل ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قويۇق، دوستانە مۇناسىۋىتى بولغاچقا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، شۋېيتسارىيە ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئورتاق ئۆتەلەيدۇ. شۋېيتسارىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لىيچتېنستېيىننىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى تەخت ۋارىسى ئالوئىس بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن لىيچتېنستېيىننىڭ ئارىلىقى يىراق، تارىخىي مەدەنىيىتى، تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئارىلىق ۋە پەرق ئۆزئارا دوستانە ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى توسۇپ قالالمىدى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىننىڭ دوستلۇقى تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىن مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيىتى چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۆلچىمىنى ناھايىتى ياخشى شەرھلەپ بەردى. مەن جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى تەخت ۋارىسى ئالوئىس بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىن مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن. جۇڭگو ـ لىيچتېنستېيىن دوستلۇقىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئالوئىس تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 70 يىلدىن بۇيان، لىيچتېنستېيىن ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى سىجىل ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى، ئىككى تەرەپ نۇرغۇن ساھەلەردە ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى ھەم بىر ـ بىرىنى قوللىدى. لىيچتېنستېيىن ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مېھرىنى نامايان قىلدى، بۇ، ھازىرقى خىرىسقا تولغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئىنتايىن قىممەتلىك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشقا بىردەك قوشۇلدى. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ «جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى»نى ئىمزالىغانلىقنى جاكارلىدى، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېزلىتىپ، بۇ يىل ئىچىدە سۆھبەتنى تاماملاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بېكىتتى. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇھىت ۋە كېلىمات يۇقىرى قاتلام سۆھبىتى ۋە رەقەملىك ساھە يۇقىرى قاتلام سۆھبىتى تەسىس قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى يېشىل ھەمكارلىق ھەمراھلىق، رەقەملىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى. ئىنسانلار نۇرغۇن ئورتاق خىرىسقا دۇچ كەلدى، دەل يېڭى تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ كۈچ، ئىككى چوڭ بازار، ئىككى چوڭ مەدەنىيلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانچىكى مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنسېرى ئۆزئارا قوللاش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش چوڭ يۆنىلىشنى شۇنچە پۇختا ئىگىلەپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ھەققانىيەتنى قوغدىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى «تۆتتە چىڭ تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

بىرىنچى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. دۇنيادا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسى يوق، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نورمال ھالەت ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش كۈچى بىر ئۆلۈش مۇستەھكەم بولسا، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىش كاپالىتى بىر ئۆلۈش كۆپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقتا چىڭ تۇرۇش. جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قېزىش ئارقىلىق، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بازار، ئىككى تەرەپ بايلىقىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تۇتىشىشى، تېخىمۇ زور ئۈنۈم يارىتىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇش. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئىككى تەرەپ، رايون، پۈتۈن يەر شارى قاتلىمىدىن سۆزلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا تەرتىپ ۋە خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، خەلقئارا ۋە رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

تۆتىنچى، سۆزلىشىش، كېڭەشتە چىڭ تۇرۇش. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ھەمكارلىقنىڭ تەرەققىيات ئاساسىي ئېقىمىنى ياخشى ئىگىلەپ، سۆزلىشىش ئارقىلىق خاتا چۈشەنچىنى تۈگىتىشى، تەرەققىيات ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى تۈگىتىشى، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق باشقۇرۇشى، تىزگىنلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزئارا مۇھىم سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ھەمراھى. ئىككى تەرەپ ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ تەدبىر قوللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق پۇرسىتىنى قويۇپ بېرىشى كېرەك. بۈگۈن ئىككى تەرەپ «جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى»نى رەسمىي ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ ئاكتىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېزلىتىپ، بۇ يىل ئىچىدە سۆھبەتنى تاماملاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەمكارلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە كۈچ قوشۇپ، ئېچىۋېتىلگەن سودا ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو بازىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان ئېچىۋېتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى يېشىل ھەمكارلىق ھەمراھى بەرپا قىلىپ، يەر شارىۋى كېلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە يەر شارىۋى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىق جەريانىنى قوغداشقا ئىجابىي قاتنىشىپ، تەرەپلەرنىڭ كېلەر يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كېلىمات ئۆزگىرىشى گىلاسگوۋ يىغىنى ۋە «جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» 15 ـ قېتىملىق پۈتۈشكۈچى تەرەپ كۇنمىڭ يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىنى ئۆزئارا قوللاپ، پائال نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەر شارىۋى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى رەقەملىك ھەمكارلىق ھەمراھى بەرپا قىلىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ «يەر شارىۋى سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى تەشەببۇسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، يەر شارىۋى رەقەملىك ساھە ئۆلچىمى ۋە قائىدىسىنى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى رەقەملىك ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر ـ بىرىنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى جايىدا ھەل قىلىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ يېقىندىن بۇيان ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ 5G، چەت ئەل مەبلىغىنى تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، رىقابەت سىياسىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قىسىم يۈزلىنىشكە يېقىندىن دىققەت قىلدى، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ سودا ۋە سېلىنما بازىرىنى ئېچىۋېتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن، ئادىل، ھەققانىي، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە يەر شارىۋى سەھىيە ھەمكارلىقىدا زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى ۋە يەر شارىۋى تەسىرىنى نامايان قىلدى. كېيىنكى قەدەمدە، ئىككى تەرەپ ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋاكسىنىنى تىرىشىپ ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ۋاكسىنىنىڭ كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئومۇملىشىشى ۋە سېتىۋالالايدىغان بولۇشىغا تولۇق ئېتىبار بېرىش كېرەك. خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ماللارنىڭ چېگرا ھالقىپ يۆتكىلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئافرىقىغا قارىتىلغان ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت، بولۇپمۇ كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە سودا ھەقدارلىرىنىڭ ئافرىقىنىڭ قەرزىنى كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش مەسىلىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ يەنە جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭغا ئالاقىدار، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى پرىنسىپال مەيدانىنى شەرھلەپ، شياڭگاڭغا ئالاقىدار، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو تەرەپ ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق كۈچنىڭ جۇڭگودا مۇقىمسىزلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى توغرىسىدا، شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنيادا ھەممىلا يەرگە ماس كېلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات يولى يوق، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشتا ئەڭ ياخشىسى يوق، پەقەت تېخىمۇ ياخشىسى بار. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ كىشىلىك ھوقۇق «ئەقلدارى»نى قوبۇل قىلمايدۇ، «قوش ئۆلچەم» قوللىنىشقا قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەشنى خالايدۇ.

مېركېل، مىچېل، ۋوندېرلېيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھۆرمەت قىلىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى. بۈگۈنكى دۇنيا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوغداپ، يەككە تەرەپچىللىك ۋە قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، تۈرلۈك يەر شارىۋى خىرىسلارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشىغا موھتاج، بۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئىككى تەرەپ ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان سۆھبەتنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما، يېشىل ئىقتىساد، كېلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىدىن ئىلاھاملاندى، جۇڭگو تەرەپنىڭ بازار ئىجازىتىنى قويۇۋېتىپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتكەنلىكىنى قارشى ئالىدۇ، بۇ يىل ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملاشقا كۈچ چىقىرىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە يېڭى كۈچ قوشىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەركىن سودىنى قوغداپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بالدۇراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن باراۋەر ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەرق ۋە ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

جۇڭگو، گېرمانىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى يەنە ئافغانىستان، ئىران يادرو مەسىلىسى قاتارلىق خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ۋە رايون خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا بىردەك قوشۇلدى.

ليۇ خې، ياڭ جيېچى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك. ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. مەسىلىگە يۈزلىنىشكە، زىددىيەتكە تېگىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، خىزمەتتە ئۇزاققىچە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمىغان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك مەسىلىلەرنى ئۇزاققىچە ھەل قىلالمىغان رەھبەرلىك بەنزىلىرى، چاكىنىلىق، ھورۇنلۇق، سۆرەلمىلىك قىلغان رەھبىرىي كادىرلار، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا «باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغان، كەينىگە سۆرىگەن، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن» پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

دىققەتنى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى خىزمەتلەرنى پىلانلاش، تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مەسىلىنى بايقاش ۋە ھەل قىلىش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى ياخشىلاپ، توپلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆز بوياپچىلىق قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

قەتئىي بوشاشماي ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى دىققەتنى خەلق ئاممىسى ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ ئارزۇ قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يىللىق خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلار پىلانىنى تۈزۈشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئامما بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇش تەلىپىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك شەكلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، رەھبەرلىكنى رازى قىلدىم دەپلا ئاممىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك.

دائىملاشقان مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.